# 12411 - ئېتىكاپ قىلىشنىڭ شەرتلىرى

## سوئال

ئېتىكاپنىڭ شەرتلىرى قايسى؟، ئېتىكاپ قىلغاندا روزا تۇتۇش كېرەكمۇ؟، ئېتىكاپ قىلغۇچى كېسەل يوقلىسا، چاقىرغان جايلارغا بارسا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلسا، جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بارسا ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىغا بارسا توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئېتىكاپ بەش ۋاقىت ناماز ۋە جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىتلەردە قىلىنىدۇ، ئېتىكاپ قىلغۇچى جۈمە ئوقۇش پەرز قىلىنغان كىشىلەردىن بولسا، جۈمە ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىشى ئەۋزەلدۇر. چۈنكى كىچىك مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلسا، جۈمە نامىزىغا چىقمەن دەپ سىرىتقا چىقىش ئارقىلىق ئېتىكاپنىڭ توغرا بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. رامىزاندىن باشقا ئايلاردا ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ ئېتىكاپ جەريانىدا نەپلە روزا تۇتۇشى شەرت ئەمەس.

سۈننەت بويىچە، ئېتىكاپ قىلغۇچى ئېتىكاپقا كىرگەندىن كېيىن كېسەل يوقلىمايدۇ، چاقىرغان جايلارغا بارمايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنىڭ ئادا قىلىش ئۈچۈن چىقمايدۇ، جىنازا نامىزىغا چىقىپ قەبرىستانلىققا بارمايدۇ ۋە باشقا ئىش-ھەرىكەتلەر ئۈچۈن مەسچىتنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: **«ئېتىكاپ قىلغۇچى كېسەل يوقلىمايدۇ، جىنازا نامىزىغا چىقمايدۇ، ئاياللىرى بىلەن قۇچاقلاشمايدۇ، زۆرۈر بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن سىرتقا چىقمايدۇ،»** دېيىلگەن. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 2473-ھەدىس].